# ھەقىقەتەن ئىككى كۆز مەقەتنىڭ ئىپىزىدۇر، ئەگەر ئىككى كۆز ئۇخلىسا، ئىپىز ئىچىلىپ كېتىدۇ

مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: «ھەقىقەتەن ئىككى كۆز مەقەتنىڭ ئىپىزىدۇر، ئەگەر ئىككى كۆز ئۇخلىسا ئىپىز ئىچىلىپ كېتىدۇ»
[ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)] [ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان - دارىمى"سۇنەن دارىمي"ناملىق ئەسرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ئىككى كۆز مەقەتنىڭ ئىپىزى دېگەن ھەدىسنىڭ مەنىسى: يەنى ئىككى كۆز ئويغاق ھالەتتە مەقەتنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن چىقىدىغان نەرسىلەرنىڭ سىرتقا چىقىشىدىن چەكلەيدۇ، ئەگەر بىر نەرسە چىقىپ قالسا، ئىنسان بۇنى سىزەلەيدۇ. ئىككى كۆز ئۇخلىغاندا ئىپىز ئىچىلىدۇ، يەنى ئىنسان ئۇخلىغان ۋاقتىدا بەدەندىكى پەيلىرى بوشايدۇ، مەقەتنىڭ ئىپىزىنى تۇتۇپ تۇرغان ئارغامچا يېشىلىدۇ، ئىنسان ئۇنى سەزمەستىنلا، ئۇنىڭدىن يەل چىقىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆزنى قاچىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغان ئارغامچىغا ئوخشاتتى، ئىككى كۆز ئوچۇق بولغان ۋاقىتتا ئارغامچا مەقەتنىڭ ئىپىزىدا چىڭ بولىدۇ، ئەگەر ئىككى كۆز ئۇخلىسا ئىپىز ئىچىلىپ، مەقەتتىن بىر نەرسە چىقسا، بۇنى سېزىدۇ، بۇ ئوخشۇتۇشتۇر، بۇ ئوخشۇتۇش تۇلۇمنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەر چىققىنىنى سەزمەستىن چىقىپ كېتىدۇ، بۇ ئوخشۇتۇشتۇر، زېھنىلەرگە شەرئىي ھۆكۈمنى يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئالاھىدە ئوخشۇتۇش بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن ئاز سۆز بىلەن كۆپ مەنا ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنىڭ جۈملىسى قاتارىدىندۇر



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee